# چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا قانداق بولىدۇ

## —— ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىغا باھا

□ جۇڭ شېڭ

«ئامېرىكىلىقلار ئىزچىل ئىنتېرناتسىيونالىزمچى، بىراق، ئۇلارنىڭ ئىنتېرناتسىيونالىزمى ئىزچىل مىللەتچىلىكنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى.» ئامېرىكا برۇككىنس ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى روبېرت كاگېننىڭ بۇ سۆزىنى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھازىرقى خالىغانچە تەلۋىلىك قىلىشىغا باھا بېرىشتە ئىشلەتسە بەك مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بىر تەرەپلىمە ھالدا كۆپلىگەن دۆلەتلەر بىلەن سودا سۈركىلىشى قوزغاپ ھەم ئۆزلۈكسىز دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن «توپتىن چېكىنىپ چىقىپ»، قوروقچىلىق ۋە بىر تەرەپچىلىكنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا سىجىل تېيىلىپ كېتىۋاتقان، «ئامېرىكىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش» قايمۇقتۇرۇۋەتكەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا ئىناۋىتىنى ئۆزلۈكسىز خورىتىپ، قائىدىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپكە خالىغانچە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق چوڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا ئۆمەكلىرى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 12 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭەشمىسىنى تاماملاپ بىر كۈن ئۆتمەيلا، ئامېرىكا تەرەپ 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگودىن ئامېرىكىغا چىقىرىلىدىغان 300 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى تاۋاردىن 10% تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئالىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئامېرىكا تەرەپ ئۆزى ئېتىراپ قىلغان ئىككى تەرەپ ئەمدىلا ئۆتكۈزگەن كېڭەشنىڭ «ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە» ئىكەنلىكىنى تولۇق ئويلاشمىدى. بۇ خەلقئارا ئامما ۋە پىكىردە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى، پۈتۈن يەر شارى بازىرى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەپ تارتماستىن: پاي بازىرىنىڭ سەلبىي ئىنكاسىغا «پۈتۈنلەي پەرۋا قىلمايمىز» دەپ جار سالدى. كىشىلەر «خەلقئارادا تەسىرى بار بىر چوڭ دۆلەتنىڭ تەپ تارتماستىن بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغانلىقى»نى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالدى.

ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ تاموژنا بېجى چوڭ كالتەكلىك سىياسەتكە قارشى تۇرۇش ساداسى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. «يېڭىدىن 10% تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش ئامېرىكىدىكى ئىستېمالچىلار ۋە ئائىلىلەرنىڭ خامچوتىغا بىۋاسىتە زەربە بېرىش بولۇپ، ئامېرىكىدىكى ئائىلىلەر سودا ئۇرۇشىنىڭ پېچىكىسىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك» «يېڭى بىر نۆۋەتلىك تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش تەدبىرى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ئائىلىلىرىدىن ئۆزىنىڭ سودا ئۇرۇشى سۆھبىتىنىڭ تۇتقۇنى سۈپىتىدە پايدىلىنىش» «بالىلارنىڭ پات ئارىدا مەكتەپكە قايتىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئېلان قىلىنغان تاموژنا بېجى كومپيۇتېر، سومكىدىن تارتىپ يەنە كىيىم ـ كېچەككىچە بولغان بارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېتىدۇ»... ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى، ئامما ۋە كەسپىي جەمئىيەتلەرنىڭ قارشى تۇرۇش سادالىرى ئالدىدا، ۋاشىنگتون ئۆزىنى ئاقلاپ: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئامېرىكا ئىستېمالچىلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى يوق دېيەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدىغان مۇناسىۋەتلىك ئەندىزىمىز بار» دېدى. مەسىلە شۇكى، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئىسپاتى»نى قانداقمۇ ئامما ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ تەسىراتى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولسۇن.

دۇنياغا مۇقىملىق، ئېنىقلىق ئاتا قىلىش، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى كۆپرەك شارائىت بىلەن تەمىنلەش، پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، بۇ چوڭ دۆلەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت. لېكىن، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى يېقىندا «دۇنيا ئىقتىسادىغا نەزەر» دوكلاتىنى ئېلان قىلىپ، بۇ يىل ئىچىدە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش مۆلچەرىنى 3 ـ قېتىم تۆۋەنلەتتى ھەم بۇ يىل پۈتۈن يەر شارى سودىسىنىڭ 2.5% ئاشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ 4 ـ ئايدىكى مۆلچەردىن تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئامېرىكا تەرەپ پەيدا قىلغان سودا جىددىي ۋەزىيىتى، ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەتنىڭ ئېنىقسىزلىقى بازار ئىشەنچىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان باش ئامىلغا ئايلىنىپ، پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋاتىدۇ. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر سودا ئۇرۇشى ۋە قوروقچىلىق تەدبىرى داۋاملىشىۋەرسە، 2020 ـ يىلى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ 0.5 پىرسەنت پويىنت تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر ئامېرىكىچە ئالاھىدە ئىمتىيازغا بولغان مەستانىلىكىنى قىلچە يوشۇرمايۋاتىدۇ، ھەتتا خەلقئارا قائىدە ۋە خەلقئارا سىستېمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن يانمايۋاتىدۇ. بەزى كۆزەتكۈچى ئەربابلار باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «دۇنيانىڭ رولىنى تۇتۇۋاتىمىز دەپ ماختانغىنى بىلەن، يۆنىلىش تۇيغۇسى يوق، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تېخىمۇ كەمچىل»، ئامېرىكىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى «پارىژ كېلىشىمى»، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى قاتارلىقلاردىن چېكىنىپ چىقىش ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىز ئىكەنلىكىنى گەۋدىلىك نامايان قىلىپ بەردى.

ئادەمدە سەمىمىيەت بولمىسا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دۆلەتتە سەمىمىيەت بولمىسا يېتىم قالىدۇ. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى يۈزەكى ئىپادە بولۇپ، يىلتىزى يەنىلا ئۇلارنىڭ ھەققەتنى كۆزگە ئىلماي، ئىشەنچكە سەل قارىغانلىقىدا. ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئويغىنىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئىدىيەۋى تونۇشنى ھەقىقىي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، مەركەز باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنىپ، كېيىنكى قەدەمدە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش تەتقىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت جايدا بولۇش» تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسىي يۈكسەكلىكىدىن مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسى نەزەرىيە ئۆگىنىشنى قەلبكە سىڭدۈرۈش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا ئىشلەش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى چىڭىتىشنى ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلار ۋە ئورۇنلار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ، لېكىن يەنىلا بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر مەۋجۇت. جەزمەن سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك تۈزەش ۋەزىپىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، باشلامچى تارماقلار، ماسلاشتۇرغۇچى تارماقلار ۋە كونكرېت مەسئۇل كىشىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ مەسئۇلىيەت سىستېمىسى ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى مېخانىزمىنى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە تەپسىلىي قاراپ چىقىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، مەسىلىنىڭ ئەمەلىي ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، مەسىلىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ تۈزىتىپ، تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كونكرېت مەسىلە تىزىملىكى، خىزمەت تىزىملىكىنى رەتلەپ، تۈرگۈزۈپ، تۈزەش نەتىجىسىنى ئومۇمىيلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، يۈزەكىلەشتۈرۈۋەتمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەخسۇس تۈزەشنىڭ كىرىش نۇقتىسىنى ھەقىقىي تۈردە توغرا تېپىپ چىقىپ، دىققەتنى زىددىيەت ئەڭ گەۋدىلىك، پىكىر ئەڭ مەركەزلەشكەن جەھەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، دەل جايىدا كۈچەپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، بولۇپمۇ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەر، مەنبە خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە قارىتا تەدبىر تۈزۈش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. باشلامچى تارماقلار بىلەن ماسلاشتۇرغۇچى تارماقلار ھەركىم ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، زىچ ماسلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە مەسىلە ئېنىق بولۇش، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، نىشان ئېنىق بولۇش، تەدبىر ئېنىق بولۇش، ۋاقىت چېكى ئېنىق بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

# ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇلدى ساغلاملىق قوغدالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كېسىلىنى داۋالاپ، يۇرتداشلارغا ياردەملىشىپ ئۇلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلدى.

ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلىگەچكە، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، شيا جۇڭخۇي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر يېزا ـ كەنت دوختۇرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى شەخس، شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون چوڭ ئانا قاتارلىق شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

### ■ مىننەتدارلىق ھېسسىياتى قەلبتە يىلتىز تارتتى

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، كەنت ئاھالىسى تۇرغۇن مەمەت قىزى مەردانىنى ئېلىپ شيا جۇڭخۇينى ئىزدەپ كەلدى، ئۇ قىزىنىڭ يۆتىلىپ قالغىنىغا ئون كۈندىن ئاشقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ زۇكام دورىسى ئېلىپ قىزىغا ئىچكۈزگەنلىكىنى، لېكىن ئانچە ئۈنۈمى بولمىغانلىقىنى ئېيتتى.

شيا جۇڭخۇي مەرداندىكى ئالامەتلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن، مەرداننى بۇرۇن ياللۇغى بولغان دەپ دىياگنوز قويۇپ، ئۇنىڭغا ئالقىنىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ قىزىتىپ، بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۇۋۇلاپ بېرىشنى تاپىلىدى، يەنە ئۇنىڭغا بۇرۇن ياللۇغى دورىسى بەردى. تۆت كۈندىن كېيىن مەردان يۆتەلمەيدىغان بولدى، تۇرغۇن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، شيا جۇڭخۇيغا ئالايىتەن تېلېفون قىلىپ رەھمەت ئېيتتى.

«ھەر دائىم ئاغرىقلارنىڭ ساللىمازا ساقىيىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىسام، ئىنتايىن خۇشال بولىمەن» دېدى شيا جۇڭخۇي مۇخبىرلارغا.

شيا جۇڭخۇي سىچۈەننىڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان، 11 يېشىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. 1964 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇ يۇرتداشلىرىغا ئەگىشىپ سەبدۆك كەنتىگە كەلگەن، كەنت ئاھالىسى ئوسمان ئىبراھىم توڭلاپ تىترەپ، يىغلاۋاتقان شيا جۇڭخۇينى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ جۇۋىسى بىلەن ئۇنى يۆگەپ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا نان بەرگەن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شيا جۇڭخۇي كۆپچىلىك بەرگەن تاماقنى يەپ، كۆپچىلىك بەرگەن كىيىمنى كىيىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا چوڭ بولدى. 1971 ـ يىلى، كەنت ئاھالىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، شيا جۇڭخۇي تىرىشىپ ئۆگىنىپ «يالىڭاياغ دوختۇر» بولۇپ قالدى.

دەسلەپتە كەنت دوختۇرى بولغىنىدا شارائىت ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، كەنتتە داۋالاش ئۆيى يوق ئىدى، شيا جۇڭخۇي دورا ساندۇقىنى يۈدۈپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. كىمنىڭ ئۆيىدە بىرەرسى ئاغرىپ قېلىپ، كەنتتىكى كانايدا بىرلا چاقىرسا، ئۇ دەرھال شۇ ئۆيگە قاراپ ماڭاتتى. كېيىن، كەنت دوختۇرلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، ئۇ داۋالاش ئۆيىدە ئاغرىقلارنىڭ كېسىلىنى كۆردى، ۋېلىسىپىتلىك يۈرۈپ كېسەل كۆردى، دورا يەتكۈزۈپ بەردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلارنىڭ داۋالاش، سەھىيە شارائىتى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى، شيا جۇڭخۇينىڭ غەيرىتىمۇ بارغانسېرى تولۇپ تاشتى.

### ■ قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش مېھىر ـ مۇھەببەت ھېكايىسىنى يېزىپ چىقىش

«شيا دوختۇر ئاغرىقلارغا ناھايىتى سەۋرچان، ئۇ يەنە دائىم ئاغرىقلارنىڭ ئەڭ ئاز پۇل خەجلەپ كېسىلىنى ياخشى كۆرسىتىۋېلىشىنى ئويلايدۇ.» شيا جۇڭخۇي تىلغا ئېلىنسا، كەنت ئاھالىسى ئابلىز ئەلى چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولىدۇ.

ئون يىل ئىلگىرى، ئابلىزنىڭ خوتۇنى سوقۇر ئۈچەي ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىش ئۈچۈن 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەتتى. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئابلىز ئەر ـ خوتۇن سىناپ بېقىش ئويى بىلەن، شيا جۇڭخۇينى ئىزدەپ داۋالاتماقچى بولدى. شيا جۇڭخۇي ئابلىزنىڭ خوتۇنىنىڭ كېسەل ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا جۇڭيىچە دورا رېتسېپى يېزىپ بەردى، يەنە ئۆز قولى بىلەن ئۇلارغا ياردەملىشىپ دورا قايناتىپ بەردى، ئەڭ ئاخىرىدا ئابلىزنىڭ خوتۇنىنىڭ كېسىلى 7.5 يۈەن خەجلەپلا ساقىيىپ كەتتى.

سەبدۆك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەركىن ئىمىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شيا جۇڭخۇي كەنت دوختۇرى بولغان 40 نەچچە يىلدا نۇرغۇن ئەسقاتىدىغان جۇڭيىچە دورا رېتسېپىنى تەتقىق قىلىپ چىققان. مەسىلەن، يۇقىرى قان بېسىمى ۋە قەنت كېسىلىنى داۋالاش جەھەتتە، ئۇ بەزى جۇڭيى دورىلىرىدىن «چاي» ياساپ چىققان، ئاغرىقلار ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن داۋالاش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغان.

شيا جۇڭخۇي ئەمدىلا كەنت دوختۇرى بولغاندا، ئايلىق كىرىمى ئاران 13 يۈەن ئىدى، كېيىن ھەر ئايدا 1140 يۈەنگە ئۆسكەن، ئۇ دائىم ئائىلىسى نامرات ئاغرىقلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرەتتى. ئېرى ئۇن زاۋۇتى ۋە جۇۋازخانا ئېچىپ بېيىغاندىن كېيىن، ئۇ دائىم قىيىنچىلىقى بارلارغا تېخىمۇ ياردەم بېرىدىغان بولدى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شيا جۇڭخۇي نامرات ئاممىغا داۋالىنىش خىراجىتى ھەم يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى، كۆمۈر، ئاشلىق پۇلى بولۇپ جەمئىي 300 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل تۆلەپ قويدى.

### ■ ئېشىنچا رولىنى بېغىشلاش ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق

يىللار شيا جۇڭخۇينىڭ تىڭشىغۇچ تۇتقان قوللىرىدىن تۇيدۇرماي سىرغىپ ئۆتۈپ كەتتى، كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇ چاچلىرى ئاقارغان مومايغا ئايلاندى. بۈلتۈر كەنتكە بىر ئۇنىۋېرسال دوختۇر كەلدى، كەنت داۋالاش ئۆيىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇلازىمىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، شۇ چاغدىلا ئۇ خاتىرجەم بولۇپ پېنسىيەگە چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«شيا دوختۇر گەرچە پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى تېخى پېنسىيەگە چىقمىدى، ئۇ يەنىلا كەنتتىكى ياخشى دوختۇر» دېدى ئەركىن ئىمىن. ئۇ بەزى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ شيا جۇڭخۇينى ئىزدەپ كېسەل كۆرسىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى، قانداق مەسىلە بولسا يەنىلا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى.

كەنت ئاھالىسى تۇنىياز جۇرەك ئۆپكە گازلىق ئىششىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، خوتۇنى بۆرەككە تاش چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئوغلى گىلاۋكوما كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، كۆزى ئاساسەن كۆرمەس بولۇپ قالغاندى، شيا جۇڭخۇي دائىم بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ھەقسىز داۋالاپ قوياتتى. ياشانغان ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن قازا قىلغاندىن كېيىن، شيا جۇڭخۇي يەنە دائىم ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ كېسىلىنى كۆردى، دورا ئاپىرىپ بەردى، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

ئەينى چاغدا شيا جۇڭخۇيغا ياردەم قىلغان ئوسماننىڭ ياشانغاندا سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولماي قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرىسى مېيىپ ئىدى، شيا جۇڭخۇي دائىم ئۇلارنى يوقلاپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ تۇردى. 2017 ـ يىلى ئوسمان قازا قىلغاندىن كېيىن، شيا جۇڭخۇي يەنىلا ئۆز ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش ئۇنىڭ قىزى ۋە نەۋرىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ يۇرتداشلار بىلەن بىللە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ۋە ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. شيا جۇڭخۇي مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بۇنچىلىك بەدەل تۆلىشىم ھېچقانچە ئىش ئەمەس، مەن ماڭالىساملا، قالغان ھاياتىمدا ئېشىنچا رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ داۋاملىق ئىشلەيمەن.» ھازىر ئۇ باي ناھىيە بازىرىدا بىر «مېھىر ـ شەپقەت ئائىلىسى» قۇرۇپ، ياردەمگە موھتاج تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)